## 269079 ـ ئەيتۇرۇ چەك بازىرىغا مەبلەغ سېلىش توغرىسىدا

**سۇئال**

ئەيتۇرۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا سۆز كۆپ بولۇپ كەتتى، يەنى ئۇنىڭ بىلەن پاي چېكى ئېلىپ ـ سېتىش توغرىسىدا، بەزىلەر ھالال دەيدۇ، بەزىلەر ھارام دەيدۇ، يەنە بەزىلەر بۇ يەھۇدىينىڭ شىركىتى بۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرا بولمايدۇ دەيدۇ... بۇ مەسىلىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؟.

**تەپسىلىي جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: پاي چېكى بازىرى ۋە باشقا سودا بازارلىرىغا مەبلەغ سېلىش بەزى توغرا بولىدۇ، بەزىدە ھارام بولىدۇ، يەنى مۇئامىلە قىلىۋاتقان تۈرلەرنىڭ ھېسابى بويىچە ۋە شەرئى پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقى بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

ئەمما يوركىس سىستېمىسىدا پايدا پەرقى ياكى پايدىنى كۆتۈش دېگەندەك شەرىئەتتە چەكلەنگەن بىر تۈرلۈك ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى106094- ۋە 125758- نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

يوركىس تىجارەت سىستېمىسىدىكى شەرئى چەكلىمىلەرنىڭ ئومۇمىسى "ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسىنىڭ" قارارىدا مۇنداق ئىخچاملاشتۇرۇلغان:

خەلقئارالىق بازاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇشۇ تۈردىكى تىجارەت كۆپ ۋاقىتتا شەرىئەت چەكلىگەن سودىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن تامام بولىدۇ، ئۇ سودىلاردىن:

1-زايومدا تىجارەت قىلىش، بۇ چەكلەنگەن جازانىدۇر، بۇنىڭغا "ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسى"جىددە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئالتىنچى قېتىملىق يىغىنىنىڭ (60) ئاتمىشىنچى  ماددىسىدا قارار ئالغان.

2-شىركەتلەرنىڭ پاي چېكىنى ئايرىماستىن مۇتلەق تىجارەت قىلىش.    ھىجرىيە 1415-يىلى ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسى بىلەن ئىسلام دۇنيا بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئون تۆتىنچى قېتىملىق يىغىنىدا ئېلىنغان تۆتىنچى قاراردا: ئاساسى

مەقسىتى ياكى بەزى مۇئامىلىلىرى هارام بولغان شىركەتلەرنىڭ پاي چېكى بىلەن تىجارەت قىلىشنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىكىتتى.

3– كۆپ هالەتلەردە، شەرىئەتتە مۇئامىلە دۇرۇس بولىدىغان شەكىلدە تاپشۇرۇپ ئېلىنمىغان پۇل ئېلىپ-سېتىش سودىسى.

4–تاللاش توختاملىرى ۋە كەلگۈسى توختاملاردا تىجارەت قىلىش. بۇنىڭغا "ئىسلام پىقهى مەجمۇئەسى"جىددە شەهرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئالتىنچى قېتىملىق يىغىنىنىڭ (63) ئاتمىشىنچى ماددىسىدا مۇنداق قارار قىلغان: تاللاش توختاملىرى شەرىئەتتە توغرا بولمايدۇ، چۈنكى توختام قىلىنغان نەرسە مالمۇ ئەمەس، مەنپەئەتمۇ ئەمەس ياكى ئالماشتۇرۇش دۇرۇس بولىدىغان مالىيە ھەققىمۇ ئەمەس".

ئىككىنچى: "ئەتۈرۈ" تور بازىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىكى سودا مالىيەنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، جازانە ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، چەكلەنگەن پەرقلىق توختاملار ئارقىلىق بولىدىكەن.

پەرقلىق توختام ياكى پەرقنى قوبۇل قىلىدىغان توختام بۇ (cfds)ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ توختام ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى توختامدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەتتە ئۇلارغا"سېتىۋالغۇچى" ۋە "ساتقۇچى" دەپ ئىشارەت قىلىنىدۇ، بۇ توختامنىڭ قىممىتى ئاساسلىق كېلىپ چىقىشىغا تۈرىدۇ.(ئاكسىيە كۆرسەتكۈچى ياكى پاي چېكى كۆرسەتمىسى ياكى كەلگۈسىدىكى تاۋار كېلىشىمى دېگەندەك).

توختام ئاخىرلاشقاندا ياكى توختام قىلغۇچىلارنىڭ ئەتراپى بىكىتىلگەندە، سودا يېپىلىدۇ، ئاساسلىق مەبلەغ كۆتۈرۈلگەن بولسا، ساتقۇچى ئەسلە باھا بىلەن سېتىۋالغۇچى ئاچقان ۋاقىتتىكى باھانىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى سېتىۋالغۇچىغا بېرىدۇ، ئەمما ئەكسىچە ئاساسلىق مەبلەغ چۈشۈپ كەتكەن بولسا، سېتىۋالغۇچى ئەسلى باھا بىلەن ھازىرقى باھانىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ساتقۇچىغا بېرىدۇ".

چەكلەنگەن پەرقلىق توختاملار دېگەن: "ئىسلام پىقهى مەجمۇئەسىنىڭ" قارارىدا كەلگەن تاللاش توختاملىرى ۋە كەلگۈسى توختاملىرىدىن ئىبارەتتۇر.

ئەگەر مۇئامىلىگە دائىملىق پايدا پەرقى قېتىلسا، بۇ ھارامنىڭ يەنە بىر تورىدۇر.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.